يېڭى مۇساپىنى باشلاش   يېڭى نەتىجە يارىتىش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«ئومۇمىي يىغىندا پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشقا قارىتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان نىشان ـ ۋەزىپىلەر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى تولۇق نامايان قىلدى، كەڭ پەن ـ تېخنىكا خىزمەتچىلىرىنىڭ داۋاملىق كۆرەش قىلىشى ئۈچۈن ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى.» ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن نازىر رەيھان يۈسۈپ مۇنداق بىلدۈردى: ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا نازارىتى ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى يادرو قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش توغرىسىدىكى تۈرلۈك تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى كەم ـ كوتىسىز ئىزچىللاشتۇرىدۇ، ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىنىڭ 2 ـ دەرىجىلىك كۆزەتكۈچىسى يەن جياڭبىن مۇنداق بىلدۈردى: ئومۇمىي يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان نىشان ـ تەلەپلەرنى زىچ چۆرىدەپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىغا يېقىنلىشىپ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سانائەتنىڭ ئاساسىنى كۈچەيتىش، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، شىنجاڭچە زامانىۋى كەسىپ سىستېمىسىنى تېز بەرپا قىلىپ، سانائەت ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىشىغا تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى مۇھىم كەسىپ تىرىكى بىلەن تەمىنلەيمىز.

«ئومۇمىي يىغىندا <دۆلەت زېمىن بوشلۇقى ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، رايونلار ماس تەرەققىياتى ۋە يېڭىچە شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك> دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون تەبىئىي بايلىق سىستېمىسىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلىرى ئۈچۈن يۆنىلىش ۋە يولنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى.» ئاپتونوم رايونلۇق تەبىئىي بايلىق نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن نازىر زىبك يەنياڭ مۇنداق دېدى: «كېيىنكى قەدەمدە، بىز زېمىن بوشلۇقى يېرىك پىلانىنى يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ <بىر يېرىك پىلان، بىر پارچە خەرىتە>سىنى شەكىللەندۈرىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، زېمىن بوشلۇقىنىڭ ئىشلىتىلىشىنى باشقۇرۇش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، تەبىئىي بايلىق ساھەسىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى كۈچلۈك بايلىق كاپالىتى بىلەن تەمىنلەيمىز».

ئومۇمىي يىغىن ئاخباراتى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، بىڭتۇەن سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىدارىسى بىرىنچى ۋاقىتتا كوللېكتىپ ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، بىڭتۇەن سانائەت ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش خىزمىتىنى تەتقىق قىلدى. بىڭتۇەن سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى ياڭ خۇڭبىن مۇنداق دېدى: «بىز ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، سانائەت ئاساسىنى كۈچەيتىش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىشنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، مەۋقەنى سانائەتتىكى ئالتە چوڭ ئەۋزەل خاس كەسىپكە قويۇپ، زور كۈچ بىلەن مىقدارنى ئاشۇرۇپ، ساقلانما مىقدارنى كېڭەيتىپ، بىڭتۇەن سانائىتىنى زورايتىپ، كۈچەيتىپ، بىڭتۇەننىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنى كۈچەيتىش، بىڭتۇەننىڭ <ئۈچ چوڭ فۇنكسىيە>سىنى تېخىمۇ ياخشى ئادا قىلىش، <تۆت چوڭ رول>نى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشىمىز».

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى يەن خۋا مۇنداق دېدى: «بىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى زىچ چۆرىدەپ، ئومۇمىي يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان نىشان ـ ۋەزىپىلەر بويىچە ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى تۈپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، نۇقتىلىق ساھەلەر ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلارنىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرىمىز، بازارنىڭ بايلىق تەقسىملەشتىكى ھەل قىلغۇچ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، بازارنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى يەنىمۇ قېزىپ، بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى قويۇپ بېرىمىز».

پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى جۇ جيەنخۇانى چوڭقۇر ئىلھاملاندۇردى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئىلى ئوبلاستى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، مەدەنىيەت ۋە ساياھەتنىڭ <14 ـ بەش يىل>لىق يېرىك پىلانىنى تۈزۈشنى يېتەكچى قىلىپ، مەدەنىيەت ـ ساياھەت كەسپىنىڭ تەرەققىيات يېڭى ئەندىزىسىنى بەرپا قىلدۇق».

«ئومۇمىي يىغىندىكى ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلار بىزنىڭ كېيىنكى قەدەمدىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىمىزنى مۇھىم مىزان بىلەن تەمىنلىدى.» قاراقاش ناھىيەلىك ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى چيۇ بورۇي مۇنداق دېدى: «بىز ئومۇمىي يىغىن روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەرەققىيات يېڭى ئەندىزىسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، مۇھىتنى قوغداش، ئېكولوگىيەنى ياخشىلاشتىكى ئەمەلىي نەتىجىلەر ئارقىلىق خەلققە بەخت يارىتىمىز».

پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئاخباراتى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ھەربىي رايونى مەلۇم ئوت كۈچى تۈەنىدىكى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر ئومۇمىي يىغىن ئاخباراتىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى. كۆپچىلىك بىردەك مۇنۇلارنى بىلدۈردى: شى جىنپىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسى بىلەن كاللىمىزنى قوراللاندۇرۇپ، شەخسنىڭ غايىسى، ئارزۇسىنى ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئەمەلىيىتىگە سىڭدۈرۈپ، ئۆز ئىش ئورنىمىزنى ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نىشانىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش سۇپىسى قىلىپ، بىلىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش جەريانىدا «تۆتكە ئىگە» يېڭى بىر ئەۋلاد ئىنقىلابىي ھەربىيلەردىن بولىمىز. ئەسكەرلەرنى مەشقلەندۈرۈش، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىش ماھارىتىنى جاپالىق مەشىق قىلىپ، ئارمىيە قۇرۇلۇشىنىڭ 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوشىمىز.

«دۆلەت قۇدرەت تاپقاندىلا، بىز پۇقرالارنىڭ كۈنلىرى تېخىمۇ ياخشىلىنىدۇ.» قومۇل شەھىرى ئېبۇرغول رايونى تيانشان يېزىسى نىرىن كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئامىنە ياقۇپ مۇنداق دېدى: «ئومۇمىي يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان نىشان قەلبىمىزنى ئىللىتتى، كەلگۈسى كۈنلىرىمىزنىڭ چوقۇم بارغانسېرى ياخشى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز».

(مۇخبىر جاڭ يۈنمېي، قاتناشقان مۇخبىرلار شى شىن، جېڭ جو، ما يىنىڭ، ليۇ شياڭ، جاڭ شياۋيەن، جاڭ جىلى، تاڭ كەندۈڭ، پەرىزات ئابدۇل، رايىدە، ئىختىيارىي مۇخبىرلار چېن گاۋچاۋ، ۋاڭ جىچاۋ، فەن جۈن)

ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتا ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرەيلى

—— پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

☐ **خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى**

يېڭى ئۇلۇغۋار پىلان تۈزۈلۈپ بولدى، يېڭى مۇساپە پات يېقىندا باشلىنىدۇ. پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات پۈتۈن ۋەزىيىتى چىقىش قىلىنىپ، دۇنيا چوڭ ۋەزىيىتى ۋە تەرەققىيات قانۇنىيىتى ئىگىلىنىپ، خەلقئارا، دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتى چوڭقۇر تەھلىل قىلىندى، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ 14 ـ بەش يىللىق يېرىك پىلانى ۋە 2035 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى. بۇ، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش، ئىككىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىغا يۈرۈش قىلىشتىكى پروگراممىلىق خاراكتېرلىك ھۆججەت، بۇنىڭدىن كېيىنكى بەش يىل ھەتتا تېخىمۇ ئۇزاق مەزگىلدىكى دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەت كۆرسەتمىسى. ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم سىياسىي ۋەزىپىسى —— بۇ قېتىمقى ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تەكلىپ»تە بېكىتىلگەن تۈرلۈك تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلار ۋە خىزمەت تەلەپلىرىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش.

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلى ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان باسقۇچ. چىگىش، مۇرەككەپ خەلقئارا ۋەزىيەت، مۈشكۈل، ئېغىر دۆلەت ئىچى ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ۋەزىپىسى، بولۇپمۇ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئېغىر ھۇجۇمى ئالدىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىپ ئالغا سىلجىتىپ، تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارنى يەڭدى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم پاراخوتى داۋاملىق دولقۇن يېرىپ، قەتئىي ئالغا ئىلگىرىلىدى. ئەمەلىيەت يەنە بىر قېتىم شۇنى ئىسپاتلىدىكى، باش شۇجى شى جىنپىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يادروسى، پۈتۈن پارتىيەنىڭ يادروسى بولۇش سۈپىتى بىلەن يول باشلاپ رولچى بولسىلا، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، قەيسەرلىك بىلەن كۆرەش قىلسىلا، بىز چوقۇم ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا كۆرۈلگەن تۈرلۈك جاپا ـ مۇشەققەت، خەۋپ ـ خەتەر، توسالغۇلارنى يېڭەلەيمىز، چوقۇم يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى تېخىمۇ كۈچلۈك ئالغا ئىلگىرىلىتەلەيمىز.

ئومۇمىي يىغىندا ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتا قولغا كەلتۈرۈلگەن ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە يۈكسەك باھا بېرىلدى. «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى، پەن ـ تېخنىكا ئەمەلىي كۈچى، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى يېڭى زور پەللىگە كۆتۈرۈلدى، ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىشى ئومۇمىي جەھەتتىن تەكشى، مۇقىم بولدى، ئىقتىسادىي قۇرۇلما سىجىل ئەلالاشتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرى پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتتى، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تۈزەش سالمىقى زورايتىلىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، سىرتقا ئېچىۋېتىش سىجىل كېڭەيتىلىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش نەتىجىلىرى مول بولدى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقى ساقلاندى. تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى شۇكى، «13 ـ بەش يىل» ئەمەلىيىتىدە، ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا مۇھىم، زور بۆسۈش قولغا كەلتۈرۈلدى، دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا مۇھىم، زور ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتا مۇھىم، زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش تېزلىتىلدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى يەنىمۇ گەۋدىلەندى، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى كىشىلەر قەلبىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ئورۇن ئالدى، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنىڭ سىياسىي خىسلىتى ۋە كۆرەش قىلىش روھى، كۆرەش قىلىش قابىلىيىتى تاۋلاندى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ روھىي قىياپىتى تېخىمۇ روھلۇق، كۆتۈرەڭگۈ بولۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاشنى كۈچلۈك سىياسىي كاپالەت ۋە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان قۇدرەتلىك كۈچ بىلەن تەمىنلىدى.

پارتىيە قۇرۇلغىنىغا 100 يىل بولغان چاغدا، 1 مىليارد نەچچە يۈز مىليون نوپۇسقا نەپ يەتكۈزىدىغان تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ھاللىق جەمئىيەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇپ چىقىش پارتىيەمىز يېڭى ئەسىرگە كىرگەندىن كېيىن، ئاساسىي جەھەتتىن ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويغان كۆرەش نىشانى، خەلققە بەرگەن تەنتەنىلىك ۋەدە. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ھاللىق جەمئىيەت ئىستراتېگىيەلىك تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن بۇيان، پارتىيەمىز خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى كۆرەش نىشانى قىلدى، نەچچە ئەۋلاد كىشىلەر ئىزچىل، داۋاملاشما كۆرەش قىلدى. ھازىر، «13 ـ بەش يىل»لىق يېرىك پىلاندىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەر پات ئارىدا تاماملىنىدۇ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ غەلىبىسى كۆز ئالدىمىزدا، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدە ئالغا قاراپ يېڭى بىر چوڭ قەدەم تاشلاندى، سوتسىيالىستىك جۇڭگو تېخىمۇ ھەيۋەتلىك قىياپەتتە دۇنيانىڭ شەرقىدە قەد كۆتۈردى. ئومۇمىي يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، بىرلا غەيرەتكە كېلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، قەرەلىدە ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، بىرىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىشى كېرەك.

«14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە دۆلىتىمىز يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرىدۇ، بۇ، يېڭى، تېخىمۇ زور تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئاچقۇچلۇق مەزگىل. يېڭى تەرەققىيات باسقۇچى دەل ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، ئىككىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىغا يۈرۈش قىلىش باسقۇچى، بۇ، دۆلىتىمىز تەرەققىيات مۇساپىسىدە ئابىدىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. پۈتۈن پارتىيە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك پۈتۈن ۋەزىيەتنى ۋە دۇنيادا 100 يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، پۇرسەت ئېڭى ۋە خەۋپ ـ خەتەر ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، ئۆز ئىشىنى ياخشى قىلىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنىڭ ئورگانىك جىپسىلىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن ئىشنى ياخشى باشلىشى، قەدەمنى ياخشى ئېلىشى كېرەك.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)

---

3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

قەشقەر ۋىلايىتىدە:

بازارنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى   مال تولۇق، باھا مۇقىم بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى

☐ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز**
لى چۈنشيا

10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى سائەت 11دە، قەشقەر شەھىرى خەلق غەربىي يولىغا جايلاشقان يىجيا تاللا بازىرى تىجارەت باشلىدى. كۆلىمى 16 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بۇ چوڭ تاللا بازاردا يېمەكلىك، كۈندىلىك بۇيۇم، كىيىم ـ كېچەك، تەشتەكتە ئۆستۈرۈلگەن يېشىل ئۆسۈملۈك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تولۇق بولۇپ، پەرىكازچىكلار ماسكا تاقاپ، پەلەي كىيىپ، تەرتىپلىك ھالدا مال رەتلەۋاتاتتى، پۇل ئېلىۋاتاتتى.

تاۋار ئورۇسدىكى ئىشلەپچىقىرىلغان ۋاقىت، ئوچۇق قاچىلانغان يېمەكلىكلەرنى ساقلاش شارائىتىنىڭ ئۆلچەمگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ـ كەلمەيدىغانلىقىنى، سوغۇق زەنجىرسىمان توشۇلىدىغان يېمەكلىكلەرنىڭ نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش دوكلاتىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈش... تاللا بازاردا، قەشقەر ۋىلايەتلىك بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى مونوپوللۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ناتوغرا رىقابەتكە قارشى تۇرۇش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى سۇ خاۋ بىر نەچچە خىزمەتدىشى بىلەن بىللە، تاللا بازارنىڭ يېمەكلىك بىخەتەرلىكى ۋە مال باھاسى ئەھۋالىنى دائىملىق تەكشۈرۈۋاتاتتى.

«يۇقۇم يۈزبەرگەندىن بۇيان، بىز <ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش>، <ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش> خىزمەت تەلىپىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مال باھاسىنى تىزگىنلەش، بازارنى مۇقىملاشتۇرۇش، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشتا چىڭ تۇردۇق» دېدى قەشقەر ۋىلايەتلىك بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى خوۋ دېشەن.

كوناشەھەر ناھىيەسىدە يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، قەشقەر ۋىلايىتى تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى چىڭ تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. بىر تەرەپتىن، گۈرۈچ، ئۇن، ياغ، گۆش، تۇخۇم، سۈت، كۆكتات قاتارلىق زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، بېسىپ قويۇپ ھايانكەشلىك قىلىش، تىل بىرىكتۈرۈپ باھانى ئۆستۈرۈش، مال باھاسىنى بىردىنلا ئۆستۈرۈۋېلىش، بەلگىلىمە بويىچە باھانى ئېنىق يازماسلىق قاتارلىق باھاغا ئائىت قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى قانۇن بويىچە قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، سوغۇق زەنجىرسىمان توشۇلىدىغان يېمەكلىكلەرگە قارىتا، تۈركۈم قېتىم، ئاپتوموبىل، تەقسىملەپ يەتكۈزگۈچى خادىم، كارخانا ئەنگە ئېلىش قاتارلىق ئەھۋاللارنى ھەرتەرەپلىمە نازارەت قىلىپ، باشقۇرۇپ، يېمەكلىك بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، بازار تەمىناتى، باھانىڭ مۇقىم بولۇشىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلىپ، ئادىل، ھەققانىي بازار تەرتىپىنى قوغدىدى.

«بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىش خادىملىرىنىڭ تەكشۈرۈشكە كەلگەنلىكىنى دائىم كۆرۈپ تۇرىمىز، بىز تاۋارلارنىڭ سۈپىتىدىن نىسبەتەن خاتىرجەم بولدۇق» دېدى يىجيا تاللا بازىرىنىڭ يېڭى گۆش مەخسۇس پوكىيى ئالدىدا ئاھالىلەر ئۈچۈن تۇرمۇش بۇيۇملىرى سېتىۋالغىلى كەلگەن پىدائىي مۇرادىل تۇرسۇن.

بىر ماسكا 0.55 يۈەن، بىر بوتۇلكا ئىسپىرت 3.5 يۈەن... ئارقىدىن، سۇ خاۋ قاتارلىق بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىش خادىملىرى يىجيا تاللا بازىرىنىڭ يېنىدىكى شىنجاڭ پۇجىتاڭ تېببىي دورا پارچە سېتىش زەنجىرسىمان چەكلىك شىركىتىنىڭ 136 ـ شۆبە دۇكىنىغا كىرىپ، داۋالاش، مۇداپىئە بۇيۇملىرىنىڭ باھاسىنى تەكشۈردى. «بىزنىڭ مۇداپىئە بۇيۇملىرىمىز، دورىلىرىمىزنىڭ باھاسى ئىلگىرىكىگە ئوخشاش، زاپىسىمۇ ناھايىتى تولۇق.» دۇكان باشلىقى ساۋ لىپىڭ مۇنداق دېدى: بۇ دورىخانا ئاھالىلەرنى دورا يەتكۈزۈپ بېرىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئاھالىلەر زاكاز بەرگەندىن كېيىن، دورىخانا دورىنى ئاھالىلەر تۇرۇشلۇق ئولتۇراق رايوننىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، پىدائىيلار ئاھالىلەرنىڭ ئۆيىگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

كوناشەھەر ناھىيەسىدىكى جيالي تاللا بازىرىدا، كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ توققۇزاق بازىرى ئاۋات مەھەللىسى شەرق گۈللۈكى ئولتۇراق رايونىدىكى پىدائىي ۋاڭ شياۋگاڭ ئاھالىلەر ئۈچۈن ۋاكالىتەن نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىۋاتاتتى، «بۈگۈن مەن يەتتە ئائىلىلىك ئاھالىگە كۆكتات ۋە كۈندىلىك بۇيۇم سېتىۋالىمەن، تاللا بازىرىدا مال تولۇق، ئاھالىلەر ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ» دېدى ۋاڭ شياۋگاڭ.

جيالي تاللا بازىرىنىڭ مەسئۇلى ۋاڭ پېڭچېڭنىڭ مۇخبىرغا ئېيتىشىچە، يۇقۇم مەزگىلىدە، بۇ تاللا بازار نورمال تىجارەت قىلغان بولۇپ، تور ۋە تور سىرتى بىرلەشتۈرۈلگەن سېتىش ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، كۈنىگە 300 ئەتراپىدىكى زاكازنى قوبۇل قىلغان، كۈندىلىك تىجارەت سوممىسى 20 مىڭ يۈەنگە يېقىنلاشقان.

كوناشەھەر ناھىيەلىك بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى لى فۇجى مۇنداق تونۇشتۇردى: يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، يەرلىكتىكى ئالاقىدار تارماقلار كۆپ تەرەپ بىلەن ئالاقىلىشىپ، ھەرقايسى چوڭ سودا سارايلار، تاللا بازارلىرى، كۆكتات دۇكانلىرى، گۆش دۇكانلىرىنىڭ مال كىرگۈزۈشى ئۈچۈن يېشىل يول ئېچىپ بېرىپ، ماددىي ئەشيا سېتىۋېلىشنىڭ راۋانلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. «چۈشتىن بۇرۇن مال تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەر زاكاز بويىچە ماللارنى بەلگىلەنگەن ئورۇنغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، چۈشتىن كېيىن بىز تاللا بازار تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى مال كىرگۈزۈشكە تەشكىللەپ، كىرىش ـ چىقىش يولىنى ئايرىپ، يۇقۇمدىن مۇداپىئەلىنىش بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدۇق» دېدى لى فۇجى.

«ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ماسلاشتۇرۇشى بىلەن، بىزنىڭ مال كىرگۈزۈش يولىمىز راۋانلاشتى، مال مەنبەيىمىز مۇقىم بولدى، تۈنۈگۈن مەن ئىككى توننا مال كىرگۈزدۈم.» ۋاڭ پېڭچېڭنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ تاللا بازارنىڭ گۈرۈچ، ئۇن، ياغ زاپىسى 3.5 توننا ئىكەن، يەنە بىر يېڭى پېتى ساقلاش ئىسكىلاتى بار بولۇپ، 1.5 توننا كۆكتات، مېۋە ـ چېۋىنى زاپاس ساقلاۋېتىپتۇ، تۈرى مول، سۈپىتى يېڭى ئىكەن.

نۆۋەتتە، كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ ناھىيە بازىرىدىكى يەتتە سودا سارايى، تاللا بازار، چوڭ تىپتىكى تۆت كۆكتات سېتىش دۇكىنى، تۆت گۆش دۇكىنى ۋە ھەرقايسى يېزا، بازارلاردىكى 11 ماگىزىن، تاللا بازار نورمال تىجارەت قىلىۋاتىدۇ، مال تولۇق، باھا مۇقىم بولۇپ، ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى ئاساسەن قامدىيالايدۇ.